www·islamyoli·net

# ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇللىقى

ت. شەھىدى

ئىسلام ــــ ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىنىپ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن تاكامۇللاشقان بىردىنبىر ھەق ۋە تەۋھىد دىنىنىڭ ئىسمىدۇر. جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ تەرەققىياتىغا پاراللېل بولۇپ، بىر قىسىم شەكلى ۋە قىسمەن ئۆششاق ئۆزگىرىشلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە كەلگەن دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى قەتئىي ئۆزگەرمىگەن. پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ئۆز ئۈممەتلىرىنى دائىم بىر ئاللاھقا بويسۇنۇشقا چاقىرىپ كەلگەن. ھەزرىتى نۇھ، ھەزرىتى ئىبراھىم، ھەزرىتى ياقۇب، ھەزرىتى يۇسۇف ئەلەيھىسسالاملارغا ئوخشاش نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرى مۇسۇلمان بولۇشقا بۇيرۇلغان. دېمەك ئىسلام خۇددى ئىززەت بەگۋەچىنىڭ ئىپادىسى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر مۇبارەك تەسلىمىيەتنىڭ ئىسمىدۇر.

«ئىسلام» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، لۇغەتتە تىنچلىق، كېلىشىش، بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش دېگەندەك مەنىلەردە كېلىدۇ.

ئىسلامنىڭ مەزكۇر لۇغەت مەنىسىنى مۇتلەقلەشتۈرۈپ ئېتىبارغا ئالىدىغان بولساق، مەيلى باتىلغا بوي ئەگىش بولسۇن، ياكى زالىمغا بوي ئەگىش بولسۇن، مەيلى ھەقىقەتكە بوي ئەگىش بولسۇن، ياكى بىر ئاللاھقا بوي ئەگىش بولسۇن مۇتلەق بوي ئەگىپ ئىتائەت قىلىش دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ، لېكىن ئاتالغۇ ياكى قۇرئان كەرىمدە كەلگەن «ئىسلام» دېگەن سۆز پەقەتلا بىر ئاللاھقا بوي ئەگىپ ئىتائەت قىلىش دېگەن مەنىدە كېلىدۇ.

ئۇنداق ئىكەن، «ئىسلام» دېگەن ئاتالغۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئىپادىسى بويىچە بولغاندا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن يېڭى دىنىنىڭ خۇسۇسى ئىسمى ئەمەس، بەلكى تۇنجى ئىنسان ۋە دەسلەپكى پەيغەمبەر ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنجىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كېلىپ ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن ۋە بۇ پەيغەمبەرلەرگە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ مۇنتەسىپ بولغان ئورتاق بىر دىنىنىڭ ئىسمىدۇر.[1] بىراق كېيىنكى زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت ئەھكامىدىن ئىبارەت ئىلاھى تۈزۈمنىڭ نامى «ئىسلام» دەپ ئاتالغان. پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن ئۇ بۈيۈك پەيغەمبەرنىڭ ئىنسانلارنى چاقىرغان دىنى، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى تەستىقلىغان ھالدا زامان، ماكان ۋە شارائىتقا ئەگىشىپ نامەلۇم ۋە چۈشىنىكسىز قالغان تەرەپلىرىنى يېشىپ بايان قىلىپ بېرىش بىلەن

---

([1]) تەپسىرۇل مەنار 3 - قىسىم 257 - ئايەت.

بىرگە، كەم قالغان تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ تاكامۇللاشقان ئەڭ ئاخىرقى دىنىنىڭ ئىسمى «ئىسلام» دىنى دەپ ئاتالغان. ئال ئىمران سۈرىسىنىڭ 18 - ۋە 19 - ئايەتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن ئىسلام، جانابى ئاللاھنىڭ، ئۇنىڭ پاك پەرىشتىلىرىنىڭ ۋە ئادالەتنى ياقلايدىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ شاھادىتى بويىچە، ئۇ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا، قۇللۇق بىلدۈرۈپ، يىلىنىپ يالۋۇرۇشقا لايىق ھېچ بىر ئىلاھ يوق دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان، جانابى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ماقۇللانغان ئەڭ مۇكەممەل بىردىنبىر دىن دېگەنلىكتۇر.

قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە بايان قىلىنغىنىدەك ئىسلام دىنى، ئەسلى ۋە ئورگىنال ئېتىبارى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەقەتلا ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىدىن كېيىن باشلانغان دىن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاستىسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلگەن ئىسلام، ئەسلىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاتىسى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ «يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىشىنىش» ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ۋە «ھەنەپىلىك ـ توغرا يول» ئىسمى بېرىلگەن دىندۇر. ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇ مۇبارەك دىن بىلەن مۇئەييەن بىر مىللەت ياكى مەلۇم بىر جەمئىيەتنى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىن ۋە دىندارلىقنىڭ ئەسلى روھىنى جانلاندۇرغان. ھەتتا «توپتوغرا تۇتۇڭلار ۋە ئۇنىڭدىن ئەسلا ئايرىلماڭلار» دېگەن. (ئاللاھ سىلەرگە دىندىن نۇھقا تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى، ساڭا (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىز ۋەھيى قىلغان نەرسىنى، ئىبراھىمغا، مۇساغا، بىز تەۋسىيە قىلغان نەرسىنى بايان قىلدى (يەنى شەرىئەت قىلىپ بەلگىلىدى.}[2] دېگەن ئايەتنىڭ ئىپادىسى بويىچە دۇنياغا كېلىپ ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن دىنىنىڭ نېگىزى «ئاللاھنىڭ بىرلىكى — تەۋھىد» ئاساسى ئۈستىگە قۇرۇلغان. پۈتۈن نەبى ۋە رەسۇل پەيغەمبەرلەر بۇ تەۋھىد ئەقىدىسى ئەتراپىغا مەركەزلىشىپ ھەممىسى ئۈممەتلىرىنى ئورتاق بىرلا ھەقىقەتكە دەۋەت قىلىپ كەلگەن.

بىراق تۇنجى پەيغەمبەردىن ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرگىچە كېلىپ ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىن ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلگەن ساماۋىي دىنلاردىكى شەرىئەت ئەھكامى ئىرىسىدا زامان ۋە ماكانىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلى، «فۇرۇئات — تارماق ۋە جۈزئى، ئۇششاق» مەسىلىلەردە، ياكى ئۇسلۇب ۋە مېتود جەھەتتە بىر قىسىم ئوخشاشماسلىقلارنىڭ كۆرۈلۈشى ناھايىتىمۇ تەبىئى ئامىل بولسا كېرەك. بۇ ئىنسانلىق ئالەمدە ھېچ بىر ئەقىل ئىگىسى تەرىپىدىن ئىنكارى مۇمكىن بولمىغان ھەقىقەت. بۇنى شارائىت، مۇھىت ۋە تەرەققىياتقا ئەگىشىش جەريانىدىكى دىنى راۋاجلىنىش شەكلىدە ئېتىبارغا ئېلىش لازىم. ئەمما بۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر بىر ھەق دىندا دائىمى ساقلىنىپ كەلگەن، پەقەت ئۆزگەرمىگەن ئۆزگىچە مەزىيەت ۋە ئورتاق نوقتىلار بار. بۇ ئاساسى پرىنسىپلار ۋە ئورتاق نوقتىلارنى نەزەرگە ئالغاندا، پۈتۈن ساماۋىي دىنلارنىڭ ھەممىسى بىر ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان ئوخشاش بىر دىن ئىكەنلىكىدە ھېچ شۈبھە يوق.

---

( [2] ) سۈرە شۇئەرا 13 - ئايەت.

پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن دىنىي شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ ئارىسىدىكى بىر قىسىم پەرقلىقلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنىڭ سەۋەبى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەسلى غايىسى ئىنسانلارنىڭ نەپسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئىبادەتلىرىنى تۈزىتىش بولغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ ئەسلىگە ئاساسەن پەيغەمبەرلەر ئۆزلىرى ئەۋەتىلگەن قەۋم ۋە مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن، ئېتىقادلىرىدىن، ئىبادەتلىرىدىن ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدىغان ئېتىقاد، ئەخلاق ۋە ئىبادەت پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن بولغانلىرىنى قويۇپ، باشقىلىرىنى چەكلىگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بارلىققا كەلگەن. بۇ ئىسلاھ ، ئىرشاد ۋە تەنبىھ ـ ئاگاھلاندۇرۇشلار ئېلىپ بېرىلغاندا ھەر قەۋمنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ چۈشەنچە، ئىدراك ۋە مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە ئۇيغۇن ئۇسلۇب ۋە مېتود قوللىنىلغان. دىنىنىڭ ئەسلى ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، جۈزئى، ئۇششاق مەسىلىلەردە پەرقلىقلەر يۈز بەرگەن.

ئۇ ھالدا ئىسلام دىنى ھېچ شۈبھىسىزكى، بۇرۇن ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىنمۇ تەبلىغ قىلىنىپ نەشر قىلىنغان بىر ئۇنىۋېرسال دىندۇر. ھەر پەيغەمبەرنىڭ تەبلىغ قىلغان دىنى ئالدىنقى پەيغەمبەرنىڭ تەبلىغ قىلغان دىنىنى تاماملىغۇچى، زامان ۋە ماكانىنىڭ شەرتلىرىگە مۇناسىپ كەلمەي قالغان ھۆكۈم ۋە بىر قىسىم ئەھكاملارغا تۈزىتىش بېرىپ قېلىپلاشتۇرغۇچى بىر پورمىدۇر. ھەر ھەق دىن يېڭى ئېھتىياج ۋە تەرەققىياتلارغا ئۇيغۇن ئاساسى ئېتىقاد، ئەخلاق ۋە ئىبادەت پرىنسىپلىرىغا زىت بولمىغان، دىنىنىڭ ماھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك خۇسۇسلاردا باشقا ھەق دىنلارنىمۇ دائىم ۋە قەتئىي مۇتلەق كۈچلەندۈرۈپ تەستىقلىغان بىر ھەقىقەتكە ئىگىدۇر.

ئاساسى ھەقىقەتلەرگە مۇناسىپ ھالدا ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بىر قانچىلىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى زامان ئىچىدە تەھرىپ ۋە ئۆزگىرىشلەرگە دۇچ كەلگەن ساماۋىي دىنلارنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرىنى ئەسلى قىياپىتىگە كەلتۈرگەن. ئۆزگەرمەس ئوخشاش ھەقىقەتلەرنى ئىلمىي قىممەت ئۆلچىمى بويىچە قىممەتكە ئېرىشتۈرۈپ قىيامەتكىچە كېلىدىغان مۇخاتەپلىرىنىڭ چۈشەنچە ۋە ئاڭ سەۋىيەلىرىگە مۇناسىپ شەكىلدە ئىنتايىن ئېنىق بايان ۋە تەپسىلى چۈشەنچە ئارقىلىق ئىسپاتلاپ ئىزاھلىغان. ئىككىنچى دەرىجىدىكى بىر قىسىم مەسىلىلەردە زامان ۋە ماكان شەرتلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ۋە دائىملىق بىر روھ ئىچىدە يۈكسىلىپ تەرەققىياتقا يۈزلىنىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولالىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە شەرىئەت ھۆكۈملىرىدە يېڭىلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن جانابى ئاللاھ ھوزۇرىدا بىردىنبىر يېگانە ۋە يالغۇز دىن — ئىسلام دىنىنى پەقەتلا ئۆزىگە خاس دىن قىلىۋالماي، پۈتۈن ساماۋىي دىنلاردىكى ئورتاق بولۇپ، نۇرى ئۆچكەن، ئۇنتۇلغان، ياكى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالغان تارىخى قىممەتلىرىنى يېڭىلىغان ۋە قۇۋۋەتلەندۈرگەن. ھەممىسىنىڭ يالغۇز بىرلا ئاساستا «تەۋھىد — لائىلاھە ئىللەللاھ» ئاساسىدا بىرلىشىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇ سەۋەپلىككى، ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە ئەخلاقتا مۇناسىۋەتلىك ماۋزۇلاردا مۇقەددەس كىتابلار ئېلىپ كەلگەن ھۆكۈملەر ئارىسىدىكى ئوخشاشلىقلار ھەممىسىنىڭ بىرلا مەنبەدىن كەلگەنلىكىنى ۋە

ھەممىسىنىڭ بىرلا غايىدە بىرلىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەيلى تەۋرات بولسۇن، مەيلى ئىنجىل بولسۇن، مەيلى قۇرئان كەرىم بولسۇن ھەممىسى جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەنلىك سەۋەبىدىن مەنبەلىرى ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش غايىسى بىر كىتابلاردۇر. ھېچ بىر دىن مەنسۇبىنىڭ بۇ ھەقىقەتلەرنى ئىنكار قىلىشقا ماجالى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر رىۋايەتتە «بىز پەيغەمبەرلەر ئوخشاش دىنغا ئىگە بىر ئائىلىنىڭ ئەۋلادلىرىمىز» دېگەن.

قۇرئان كەرىم بۇ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىنتايىن چىڭ تۇرغان. بۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ پەقەتلا بىر ئاللاھنىڭ ھىمايىسىدە يالغۇز ۋە ئايرىلماس بىر جامائە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭمۇ خېمىر تۇرۇچى ئەسلىدە بىر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. پەقەت ئايرىلىدىغىنى چۈشەنمەسلىكلەر، كېيىنكىلەرنىڭ ئىلاھى ئەمرلەردىن بىر قىسمىنى ئۇنتۇشلىرى، ياكى بۇ ئەمرلەرنى يېتەرسىز شەكىلدە سۇنۇشلىرى، ياكى ھېرس ۋە مەنپەئەتلىرىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشلىرىدەك سەۋەبلەردىن ئىختىلاپلىشىپ، بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكىنى قۇرئان كەرىمنىڭ بەقەرە سۈرىسى 144 - 174 - 253 - ئايەتلەردە ۋە شۇنىڭدەك يۇنۇس سۈرىسى 19 - ئايەتتە ئىنتايىن ئېنىق بايان قىلىنغان.

## ھەممىڭلار بىر ئۈممەت

قۇرئان كەرىم ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلارغا ئىشىنىپ ئەگەشكەنلەر ھەققىدە توختالغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىلاھى پەقەت بىرلا ئاللاھ ئىكەنلىكىنى ۋە ھەممىسىنىڭ قانۇن ۋە ھۆكۈملىرىنىڭ ئوخشاش مەنبەدىن چىقىدىغانلىقىنى، بىر ئۈممەت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلماقتا. چۈنكى ئىمان ماھىيىتىدا ئاساسلىق ۋەزىپىلەر ۋە ئەخلاق پرىنسىپلىرىدە ھېچ بىر پەيغەمبەر ئۆزىدىن باشقا پەيغەمبەردىن غەيرى بىر پرىنسىپ ئېلىپ كەلگەن ئەمەس. ھەممە پەيغەمبەرلەر ئوخشاش ئاساس ۋە ئوخشاش پرىنسىپلار ئۈستىدە توختالغان. ئۇلار ياخشى ئىش قىلىشقا، ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ۋە ئاللاھقا خالىس ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلغان. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار بىزگە خالىس ئىبادەت قىلاتتى.» (سۈرە ئەنبىيا 73 - ئايەت). ماددىغا باغلىنىپ چېكىدىن ئاشقان دۇنيا مۇھەببىتى، دۈشمەنلىك، ئەخلاقسىزلىق، تىجارەتتە ھىلە ئىشلىتىشتەك يامان ئىشلار بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر تەرىپىدىنمۇ ئەيىبلىنىپ چەكلەنگەن. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ: «كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى (يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ پىتنە - پاسات تېرىماڭلار» (سۈرە شۇئەرا 183 - ئايەت). كىشىلەرنى ياخشىلىققا يۈزلەندۈرۈش، ياخشىلىققا تەشۋىق قىلىش، ياخشىلىق يولدا جاپا - مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىش، رەھىم - شەپقەتلىك، مۇلايىم ۋە كەمتەر بولۇشتەك نۇرغۇن ئىشلاردا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممەتلىرىمۇ ئاگاھلاندۇرۇلغان. بۇ ھەقتە

جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: (لوقمان ئەلەيھىسسالام ئۆز ئوغلىغا قىلغان نەسىھىتىدە) «ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى ۋاقتىدا (تەئدىل - ئەركان بىلەن) ئوقۇغىن، (كىشىلەرنى) ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن، (چۈنكى ھەقىقەتكە دەۋەت قىلغۇچى ئەزىيەتلەرگە ئۇچرايدۇ)، بۇ ھەقىقەتەن قىلىشقا ۋە ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر.» (سۈرە لوقمان 17 - ئايەت). پۈتۈن بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ يىغىندىسى توپلانغان مۇقەددەس كىتاب قۇرئان كەرىمنىڭ ئەنبىيا سۈرىسىدە مۇسا، ھارۇن، ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، نۇھ، لۇت، داۋۇد، سۇلەيمان، ئەييۇب، زۇلكىفل، يۇنۇس، زەكەرىيا، يەھيا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملار كەبى پەيغەمبەرلە زىكىر قىلىنغان. بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ زىكىر قىلىنغان قىسسىلىرىنىڭ ئارقىسىدا بۇ قىسسىلەرنىڭ بۇ شەكىلدە بايان قىلىنىش غايىسى ئىپادىلىگەن. «(ھەقىقەتەن بۇ پەيغەمبەرلە جامائىسى يالغۇز بىر ئۇممەت بولۇپ، سىلەرنىڭ ئۇممەتلىرىڭلاردۇر)، سىلەرنىڭ دىنىڭلار ھەقىقەتەن بىر دىندۇر، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، ماڭا ئىبادەت قىلىڭلار.» (سۈرە ئەنبىيا 92 - ئايەت) دېگەن مەزمۇندىكى ئايەت كەرىمە زىكىر قىلىنغان. بۇ سۈرىدە بىر گۇرۇپ پەيغەمبەرلەرنىڭ بىردەك بايان قىلىنىشىنىڭ غايىسى، بىرىنچى قىلىپ، قۇرئان كەرىم مۇخاتەبلىرىنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن دىنلارنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش ئۈچۈندۇر. ئىككىنچى قىلىپ، باشقا دىنى ئۇقۇم، دىنى ئاڭ ۋە دىنى پرىنسىپلارنى ئۇلارنىڭ قىسسىلىرىنىڭ ئېقىن دولقىنى قاتلىمىدا تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇ ماۋزۇدا سۈرە شۇئەرادا ئارقىمۇ ئارقا زىكىر قىلىنغان قىسسىلاردا مۇھىم بىر نوقتىنى مۇخاتەبلەرنىڭ دىققىتىگە سۇنۇلغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇ نوقتىدا، سۈرىدە بايان قىلىنغان نۇھ، ئاد، سەمۇد، لۇت ئەلەيھىسسالام قاتارلىق پەيغەملەرنىڭ قەۋملىرى ۋە شۇئەيب ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بولغان ئەيكەلىكلەرنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئىپادىلەنگەندە ھەر قېتىم ئەرەبچىدە «پەيغەمبەر» مەنىسىدىكى سۆزنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولغان «ئەلمۇرسەلىن — ئەلچىلەر يەنى پەيغەمبەرلەر سۆزىنى ئىستېمال قىلىپ بايان قىلىش تەلەپ قىلىنغان. دەر ھەقىقەت، ھەر قەۋم پەقەتلا ئۆز پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلىش بىلەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىقىنىڭ بىلدۈرۈلىشى بىر تاسادىپىيلىق ئەمەس. بۇنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ۋەھيىنىڭ ئاساسى ئۆزگەرمىگەنلىكىنى، ئوخشاش ئىكەنلىكىنى شۇ سەۋەبلىك پەيغەمەبەرلەردىن بىرىنى ئىنكار قىلغانلىق ھەممە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانلىق ھەقىقتىنى قۇرئان كەرىم ئۆز مۇخاتەبلىرىنىڭ دىققىتىگە مۇھىم بىلىپ سۇنماقتادۇر.

بۇ ئەھۋالدا ئىسلام پۈتۈن نەبى ۋە رەسۇل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورتاق دىنىدۇر. قۇرئان ئۇقىغان ھەر قانداق ئادەم بۇ دىنىنىڭ قانداق دىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالالايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن بۇ دىن ھېچقانداق بىر شېرىك ئارىلاشمىغان خالىس ئېتائەت بىلەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھنىڭ دىنىدۇر. قايسى تىلدا، قاچان ۋە نەدە بولسا بولسۇن، ئاللاھتىن كەلگەن ۋەھيىنىڭ ھەممىسىگە، نازىل قىلىنغان كىتاب، سەھىپە ۋە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا شەخس،

گۇرۇپ ياكى ئىرقچىلىق قايغۇسى بىلەن بىر پەرقلىق ھېس قىلىنماستىن، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن ھۆكمىگە قەتئىي ئىككىلەنمەستىن كۆڭۈل ئىختىيارى بىلەن چىن قەلبىدىن ئىشىنىشتۇر.

باشقا بىر ئىپادە بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام، تەۋھىد پرىنسىپى ئاساسىدا، ئىنسانلارنىڭ ھەم يەر يۈزىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە گۈللەندۈرۈشى، ھەق ۋە ئادالەت ئۆلچىمى بويىچە رەھاۋەتلىك ھايات بەرپا قىلىشى ھەمدە خالىقى ۋە پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىپ جەننەتتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك ھايات باغچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن — ئۆزلۈك ماھىيىتى ئوخشاش — پەقەت پۈرۈئات ـ ئۇششاق، جۈزئى پەرقلىق بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلگەن، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا پاراللېل بولۇپ، بىر يېتۈك سىزىقنى كۆرسەتكەن ۋە نىھايەتتە پەيغەمبەرلەرنىڭ خاتىمى ۋە تۈگەنجىسى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋاستىسى بىلەن 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك ھاياتى ئىچىدە تاماملىنىپ، كامالەتكە يېتىپ ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلگەن، ئۆگىتىلگەن ۋە ئەمەلىي ھاياتقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ كۆرسىتىلگەن ئىلاھى مەساج — خىزمەت ۋە ۋەزىپىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسمىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، قۇرئان كەرىم: «(تارىختىن بېرى) كىتاب بېرىلگەنلەر پەقەت ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى. ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى ئاللاھقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى.» (سۈرە بەييىنە 4 ـ 5 ـ ئايەتلەرنىڭ بىر قىسمى) دەپ بايان قىلماقتا. يەنە باشقا بىر يەردە: «ئېيتىڭلاركى، «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھىگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھىگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىيساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچ بىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز. بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچى (مۇسۇلمانلار) دۇرمىز.» (سۈرە بەقەرە 136 ـ ئايەت) دەيدۇ.

ئىپادە جەھەتتىن بىر ـ ئىككى سۆز پەرقى بولغان باشقا جەھەتتە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن تامامەن ئوخشاش سۈرە ئالى ئىمراندىكى بىر ئايەتتە، ئۇنىڭدىن كېيىن جانابى ئاللاھ: «كىمكى ئىسلام (دىنى)دىن غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.» (سۈرە ئال ئىمران 85 ـ ئايەت) دېگەن.

قۇرئان كەرىمدە كەلگەن بۇ ئىپادىلەردىن شۇنى چۈشىنىمىزكى، ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرئاننى تەبلىغ قىلغاندىن كېيىن ئۆرپى ئىستېمالدىن سىرت ئىسلام ياكى مۇسۇلمان بولۇش دېمەك، پەقەتلا، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ زاتقا نازىل بولغان قۇرئانغا ئىشىنىش دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى بۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەزرىتى ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدىن كەلگەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە، مۇساغا، ئىيساغا، قىسقىسى ئىنسان يارىتىلغاندىن بېرى دۇنياغا كېلىپ ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە، ئۇلارنىڭ ئېلىپ كەلگەن كىتابلىرىغا ۋە يەتكۈزگەن شەرىئەتلىرىگە ئۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى ئايرىپ قويماي ئىشىنىش دېمەكتۇر.

خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، جانابى ئاللاھ ئىنسانلارغا ئوخشاش بولمىغان زامانلاردا بىر قانچىلىغان دىن ئەمەس، ئۆزلۈك ماھىيىتى ئۆزگەرمىگەن يالغۇز بىرلا دىن ئەۋەتكەن. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن باشلىنىپ ئاساسى سېلىنغان بۇ ھەق دىن، تۇنجى قېتىم سېلىنغان ئاساس بويىچە داۋاملىشىپ، دەۋر ۋە زاماننىڭ ئۆزگۈرۈشى بىلەن ياكى ئەينى زاماندا زۆرۈر بولۇپ، كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە دەسلەپكى زۆرۈرىيەت قىممىتى قالمىغان قىسمەن ئۇششاق مەسىلىلەرگە ئائىت ھۆكۈملەرنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن ئاخىرىدا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن جانابى ئاللاھنىڭ قىيامەتكىچىلىك پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن تاللاپ رازى بولغان دىن ئىسلامىيەت، ئۇنىۋېرسال ماھىيەتتىكى ساپلىشىپ كامالەتكە يەتكەن، قىيامەتكىچە ئىنسانلارغا نۇرانە ھىدايەت يولىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە تەبلىغ قىلىنغاندۇر. ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئېقىمى ئىچىدە ئوخشاش مەنبە ۋە ئاساسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسلامنى تەبلىغ قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى پەيغەمبەرنىڭ تەبلىغ قىلىپ زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتكەن ئاساسلارنى يېڭىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈشى، ئۆزگىرىپ كېتىش سەۋەبىدىن پەيدا بولغان ئىختىلاپ ۋە تەپرىقچىلىقلارنى تۈگىتىپ، ئىشىنىش ئېتىقادىغا ئىگە كىشىلەرنى ئىسلامدا بىرلىككە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن كۈچ سەرپ قىلىپ غەيرەت كۆرسەتكەن. دېمەككى ھەقىقى ئىسلام، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەق دەۋەتلىرىنى تەشكىل قىلماقتا. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسمۇ ئۆتۈپكەتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋەتلىرىنىڭ تاماملىغۇچىسى ۋە كۈچلەندۈرگۈچىسىدۇر.

## ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى

ئىسلام، كەرەملىك پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىز ئىنسانلارغا ئەۋەتكەن بىردىنبىر يېگانە ھەق دىنىنىڭ ئىسمى. ئۇ كېيىنچە قۇرئان كەرىمنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تاپشۇرۇلغان ئەڭ ئاخىرقى رىسالەت ۋەزىپىسىنىڭ خاس ئىسمى بولغان. ئەڭ گۈزەل ئىپادە بويىچە بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە جانابى ئاللاھ مۇنداق دېگەن: «ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ بىز ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز.» (سۈرە بەقەر 138 - ئايەت).

ئىسلام ئۆزىنىڭ مۇكەممەللىكى بىلەن پۈتۈن تەرەققىيات يولى ئۇچۇق، شۇنىڭدەك بۇرۇنقى سَاماۋى دىنلارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇن ۋە جەۋھەرلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىز ئىنسانلارغا ئاخىرقى قېتىم ئەۋەتكەن رىسالەت ۋەزىپىسىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت. شۇ جەھەتتىن ئىسلام دېگەندە ھامان پۈتۈن ساماۋى دىنلارنىڭ ئورگىنال، ئەسلى قىياپىتى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. بۇ مەنە بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا ھەزرىتى نۇھ، ھەزرىتى ئىبراھىم، ھەزرىتى مۇسا ۋە ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ پەيغەمبەرلىرىمىزدۇر. ئىسلامنى پىترەت دىنى قىلىپ ئەۋەتكەن جانابى ئاللاھ، زامانغا باغلىق قىلىپ بەزى شەكلى ۋە ئۇششاق

مەسىلىلەردە ئوخشاشماسلىق قىلغان. ئىسلام كۆچىتى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ھېچ بىر زامان مېۋىسىز قالغان ئەمەس. ھازىرمۇ ھەم يىلتىزى يەردە ئۇچچى ئاسمانغا تاقىشىدىغان بىر مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشاش ئىنسانلارنى ئۆز سايىسىدىن بەھرىمەن قىلىپ كەلمەكتە. تۆۋەندە ئىسلامىيەتنىڭ بۇ ئالاھىدە مەزىيەت ۋە ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرىنى مۆھتەرەم كىتابخانلارنىڭ نەزىرىگە تەقدىم قىلماقچىمىز.

## پەيغەمبەرلەرنىڭ باشقا پەيغەملەرنى تەستىق قىلىشى

قۇرئانى كەرىمدىن ئۆگەنگىنىمىزدەك ئاللاھنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلىرىدىن سۆز ئېلىش ھادىسىسى پۈتۈن ساماۋىي دىنلارنىڭ ئاساسى بىر ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرگە ئىسلامنىڭ ئونۋېرسال بىر دىن ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئۇقتۇرماقتا. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىگەن: «ئۆز ۋاقتىدا ئاللاھ پەيغەمبەرلەردىن چىن ئەھدە ئېلىپ: «سىلەرگە مەن كىتابنى ۋە ھېكمەتنى ئاتا قىلدىم،كېيىن سىلەرگە، سىلەردىكى نەرسىلەرنى (يەنى كىتاب بىلەن ھېكمەتنى) ئېتىراپ قىلغۇچى بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە ئۇنىڭغا، ئەلۋەتتە، ئىمان ئېيتىشىڭلار كېرەك ۋە ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم بېرىشىڭلار كېرەك»(دېدى). ئاللاھ: «(بۇ ئەھدىنى)ئىقرار (يەنى ئېتىراپ) قىلدىڭلارمۇ؟ شۇنىڭ (يەنى بۇ ئىش) ئۈچۈن مېنىڭ ئەھدىمنى قوبۇل قىلدىڭلارمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «ئېتىراپ قىلدۇق» دېدى. ئاللاھ: «ئۆزەڭلارنىڭ ۋە تەۋەلىرىڭلارنىڭ ئېتىراپ قىلغانلىقىغا)گۇۋاھ بولۇڭلار، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە گۇۋاھ بولغۇچىلاردىندۇرمەن» دېدى» (سۈرە ئال ئىمران 81 - ئايەت). بۇ ئايەت كەرىمەدىن شۇ ئېنىق مەلۇم بولىدىكى، رىسالەت ۋەزىپىسىنىڭ تەقەززاسى، ھەر پەيغەمبەر ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان پەيغەبەرنى تەستىق قىلىش ۋە ئۇنىڭ كېلىشىدىن خەۋەر بېرىشتىن ئىبارەت. تەپسىرچىلەرگە كۆرە ئەينى شەكىلدە پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەن ئۈممەتلەردىنمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىدىن كېيىن كېلىدىغان پەيغەمبەرلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان كىتابلىرىنى تەستىق قىلىش ھەققىدە سۆز ئېلىنغان. يەنە بىر قاراشتا جانابى ئاللاھ ھەر بىر پەيغەمبەردىن ئاخىر زاماندا كېلىدىغان ئاخىرقى پەيغەمبەرگە ئىشىنىشكە دائىر سۆز ئالغان. شۇنىڭ ئۈچۈن باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك قۇرئان پەقەت ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنى پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغانغا ئوخشاش قوبۇل قىلماقتا. چۈنكى بۇ پەيغەمبەرلەر ئۇزۇن ئالتۇن زەنجىرنىڭ ھالقىلىرىدەك ھەممىسى بىر تۇتاشتۇر.

ئىسلامنى، ھەقىقەت ۋە تەۋھىد دىنى بولۇش ئېتىبارى بىلەن ئېلىپ ئېيتقاندا، دۇنيادىلا ئەمەس، ھەتتا ئاخىرەتتىمۇ مەۋجۇتلۇقنى ساقلايدىغان ئەزەلى ۋە ئەبەدى بىر دىندۇر. ئىنسانلار مەيلى بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلسۇن مەيلى ئېتىقاد قىلمىسۇن، ئۇلارنىڭ ئېتىقاد قىلىشىغا بېقىنىپ قالمايدىغان ئۆزى مۇستەقىل ھەقىقەت نامايەندىسىدۇر. ھەقىقەت ھېچقاچان ئىنسانلارنىڭ

جاھىللىقى تۆپەيلى تامامەن يوقاپ كەتمەيدۇ. ھەر قاچان ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچىدىغان ھەقپەرەس ئىنسانلار ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدۇ. ئىلاھى دىنلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

ئىسلام ھەقىقىتى قۇرئاندا ئىنتايىن جەلب قىلارلىق مىسال بىلەن مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ: «ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى – ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ۋەز – نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ.» (سۈرە ئىبراھىم 24 ، 25 ئايەت). بۇ ئايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، ئىسلام دەرىخىمۇ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ھەر دەۋرىدە، ئۇ ئىنسانلار قوبۇل قىلسۇن ياكى قوبۇل قىلمىسۇن، يىلتىزى يەرنىڭ تېگىدە مۇستەھكەم، شاخلىرى ئاسمانغا تاقاشقان ھالدا قىلچە تەۋرەنمەستىن داۋاملىشىپ كەلگەن. تۇنجى ئىنسان ۋە دەسلەپكى پەيغەمبەر ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ تا ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە كېلىپ ئۆتكەن پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ كۆچەتكە پەرۋىش قىلىپ ياشارتىشى بىلەن مېۋە بېرىپ كەلگەن.

دېمەك ئاللاھنىڭ دىنى (يەنى ئىسلام) ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ تا قىيامەتكىچە پەيغەمبەرلەردىن كېيىن، ئۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدىن ئىبارەت ئالىملار تەرىپىدىن جانابى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن بارغانچە كۆكلەپ تا قىيامەتكىچە مېۋە بېرىپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ ھەر زامان مېۋە بېرىش قابىلىيىتىگە ئىگە بىردىنبىر يېگانە ھەقىقەت نامايەندىسى كۆچەتتۇر.

داۋامى بار